# شنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 10 - ئاي

22

سەيشەنبە

维吾尔文 10 月22日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24856 - سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ يەن - تېخنىكا خاس ۋەكىلى تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# ئىختىساسلىقلار تۈۋەنگە چۆكۈش، يەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»غا مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يەن - تېخنىكا خاس ۋەكىلى تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق كۆرسەتتى: يەن - تېخنىكا خاس ۋەكىلى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان 20 يىلدىن بۇيان، ئىختىساسلىقلار تۈۋەنگە چۆكۈش، يەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»غا مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، قوشۇن ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، پارتىيەنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئەترەتكە، يېزا ئىگىلىك يەن - تېخنىكىسىنى تارقاتقۇچىغا، يەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش سەركىسىگە، يېزا - كەنتلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشتىكى باشلامچىغا ئايلىنىپ، كەڭ دېھقانلارنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭىلىق يارىتىش يېزا - كەنتلەرنى ئومۇمیۈزلۈك گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم تىرىكى. يەن - تېخنىكا خاس ۋەكىلى تۈزۈمىنىڭ يەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىختىساسلىقلىرىنىڭ يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىكى مۇھىم خىزمەت ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئەمەلىي تۇتۇش، ياخشى تۇتۇش كېرەك. كەڭ يەن - تېخنىكا خاس ۋەكىللىرى ئەسلىي مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ، يەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشۇش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

يەن - تېخنىكا خاس ۋەكىلى تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خۇلاسىلەش يىغىنى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى، يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى يەتكۈزۈلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو - تىنچ ئوكيان ئارال دۆلەتلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھەمكارلىق مۇنبىرىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى** 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو - تىنچ ئوكيان ئارال دۆلەتلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھەمكارلىق مۇنبىرى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ساموئانىڭ پايتەختى ئاپىيەدە ئېچىلدى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ مۇنبەرگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: 2018 - يىلى 11 - ئايدا، مەن تىنچ ئوكيان ئارال دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى بىلەن پاپۇئا يېڭى گۋىنىيەسىدە ئۇچرىشىپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋەتنى ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ 9 - نۆۋەتلىك بېيجىڭ شياڭشەن مۇنبىرىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى** 9 - نۆۋەتلىك بېيجىڭ شياڭشەن مۇنبىرى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ مۇنبەرگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تىنچلىق ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئارزۇسى. جۇڭگو سۆزلىشىش ئارقىلىق ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەمكارلىق ئارقىلىق تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، تىنچلىق ئارقىلىق تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ 83 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ئېلېكتر تېخنىكىسى كومىتېتى يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى** 83 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ئېلېكتر تېخنىكىسى كومىتېتى يىغىنىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ھازىر، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق ئايدىلانما تەرەققىيات ئىنسانلارنىڭ ئورتاق نىشانىغا ئايلاندى، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، چوڭ سانلىق مەلۇمات، 5G قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلار بىلەن يېڭى ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش، توكلۇق ئاپتوموبىل قاتارلىقلارنى چوڭقۇر يۇغۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئالاقىدار ساھەلەرنىڭ خەلقئارالىق ئۆلچەم تۈزۈشكە ۋە قوللىنىشىغا، ئۆلچەم ساھەسىدىكى خەلقئارالىق ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە جىددىي ئېھتىياجلىق.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى

# نىشانى چىڭ كۆزلەپ، بىرلا غەيرەت قىلىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

## چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

**مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، جى جېلى، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، جۇڭگونىڭ نامراتلارنى ئازايتىش ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، دۇنيانىڭ نامراتلارنى ئازايتىش ئىشلىرى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى. 6 - قېتىملىق دۆلەت نامراتلارنى يۆلەش كۈنى يېتىپ كەلگەن پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، بىزنىڭ نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، بىرلا غەيرەت قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشمىز ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى يەنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئورتاق مەقسىتىنى مۇجەسسەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەتئىي تاماملاش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# قانۇنچىل جۇڭگونىڭ يېڭى دەۋرنى ئېچىش

## — يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنى ئومۇمیۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتقانلىقى توغرىسىدا

**□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى ياڭ ۋېيخەن، لو شا، بەي ياڭ، دىڭ شياۋشى**

داغدام يولدا ماڭغاندىلا، دۇنيا خەلققە مەنسۇپ بولىدۇ؛ ياخشى قانۇن ئارقىلىق ياخشى ئىدارە قىلىش خەلقنىڭ ئىنتىلىشى.

قانۇنچىللىق ئىنسانلار مەدەنىيلىكىنىڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتى، زامانىۋى جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئەقىل - پاراسەت جەۋھىرى. جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەمدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر دۆلەتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى دۆلەتنى ئومۇمیۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش جۇڭگو تارىخىدىكى دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى بىر قېتىملىق چوڭقۇر ئۆزگىرىش، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشكە يۈرۈش قىلىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇستەھكەم كاپالەت.

2014 - يىلى ئالتۇن كۈزدىكى 10 - ئايدا، پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ پەردىسى ئېچىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەتنى ئومۇمیۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەپ ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئومۇمیۈزلۈك نامايان قىلدى.

2018 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز دۆلەتنى ئومۇمیۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. مەركەز دۆلەتنى ئومۇمیۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ خىزمىتى رەسمىي ئومۇمیۈزلۈك باشلىنىپ، قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇلۇشى سىستېمىلىق، ماس ئالغا سىلجىتىلىدىغان يېڭى باسقۇچقا كىردى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، قانۇنچىللىق يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئاساسىي شەكىلگە ئايلىنىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شنجاڭ ياخشى جاي



پەسىل قۇشلىرى كۆچتى

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، زور تۈركۈم پەسىل قۇشلىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. قۇشلارنىڭ كۆچۈشىدىكى مۇھىم يول بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەر يىلى كۈز پەسلىدە 500 مىڭغا يېقىن پەسىل قۇشلىرى موڭغۇلكۈرەدىن ئۆتىدۇ.

□ لى ۋېنۋۇ فوتوسى

# ئەسلىي مەقسەت، بۇرچ ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى مۇجەسسەملەش

## — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دۆلەت كارخانىلىرى 2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇردى

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدىكى دۆلەت كارخانىلىرى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كارخانىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بەرنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن مەسىلىنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇردى.

■ **ئۆگىنىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش كەمتۈكلۈكنى تەكشۈرۈپ يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاش**

بازارلاشقان تىجارەت ساھەسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، شىركەتنى بازارلاشتۇرۇپ تىپىنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش؛ پارتىيە - ئامما خىزمىتى بۆلۈمى تەسىس قىلىپ، پارتىيە خىزمىتى خادىملىرىنى تەربىيەلەش سالمىقىنى زورايتىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)





## جەنۇبىي شنجاڭدا خاس باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى

# باغۋەنلەرنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇلدى

**□ مۇخبىرىمىز شى شىن**

ھازىر دەل شنجاڭدا ياڭاق سېتىۋېلىنىدىغان مەزگىل. 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، خوتەن ناھىيەسى باغچى بازىرىنىڭ يېزىباغ كەنتىدىكى ئانا تۇپراق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى جۇمەنىياز ياسىن ھېلىلا ئىمزالىغان «ياڭاق سېتىۋېلىش كېلىشىمى»نى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، چىرايىدىن خۇشاللىق جىلۋىلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: ئەڭ تۆۋەن چەككە كاپالەتلىك قىلىپ سېتىۋېلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ يىل ياڭاقنىڭ بازاردىكى سېتىش يوللىرىدىن ئەنسىرىمىسەكمۇ بولىدىكەن.

بۇ يىل شنجاڭنىڭ خاس باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي قوغداش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون جەنۇبىي شنجاڭنىڭ خاس باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىشنى قوزغىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە كۈچ قوشتى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى «ئىككى تور» قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈپ، يول خەرىتىسىنى سىزىپ، ۋەزىپەنامىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى باغۋەنلەرگە «مول ھوسۇل سوۋغىسى» تەقدىم قىلدى.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى توققۇز ئېيىدا، «شنجاڭ ئىچىدە سېتىۋېلىش تورى» سېتىۋالغان، ساتقان، سودىلىشقان تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى 1 مىليون 200 مىڭ توننىدىن كۆپرەك بولۇپ، 4 مىليارد 740 مىليون يۈەن ئومۇمىي كىرىم ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، 2018 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇق قاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «شنجاڭ سىرتىدا سېتىش تورى»مۇ داۋاملىق تېز سۈرئەتتە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشنى شەكىللەندۈردى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)